# جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش

(بېشى 5 - بەتتە)

ئارقىدىنلا قىلغان سۆزىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ قاراتمىلىق ھالدا مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: خەلقنىڭ ساغلاملىقى جەمئىيەت مەدەنىيلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە دۆلەتنىڭ بېيىپ قۇدرەت تېپىشىنىڭ مۇھىم بەلگىسى. مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، سەھىيە - ساغلاملىق تەمىناتى ۋە مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

«ناھىيە رايونى داۋالاش ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش»تىن «يېزا - كەنت دوختۇرلىرىنىڭ تەمىناتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش»كىچە، «جۇڭيى تېبابىتى - دورىگەرلىكىدە توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىش، ۋارىسلىق قىلىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش»تىن «كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكا ئۆتكەللىرىگە ھۇجۇم قىلىشنى قانات يايدۇرۇش»قىچە، «تېببىي دورىگەرلىك - سەھىيە تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش»تىن «داۋالاش جېدەللىرى ۋە زوراۋانلىق قىلىپ دوختۇرلارنى زەخىملەندۈرۈش قىلمىشىغا قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىش»كىچە.... تۈرلۈك كونكرېت ئورۇنلاشتۇرمىلار تېببىي دورىگەرلىك - سەھىيە ساھەسىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى ئۈچۈن ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى.

«كېسەلنى ياخشى كۆرسىتىش» مەسىلىسىدىن كېيىن، يەنە «بالىلارنى ياخشى ئوقۇتۇش» جەھەتتىكى ئاگگىراش تىلغا ئېلىندى.

لەنجوۋ داشۆدىن كەلگەن ئەزا يەن چۇنخۇا سۆزىدە سەل ئەندىشە قىلغان ھالدا مۇنداق دېدى: «يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا، ئوتتۇرا، غەربىي قىسمىنىڭ ئالىي مائارىپىدا كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى، لېكىن شەرقىي قىسمىدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، يەنىلا پەرق بىرقەدەر چوڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنىمۇ چوڭىيىش ئېھتىماللىقى بار».

«مائارىپ تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسى رايون تەرەققىياتىنىڭ تەڭپۇڭ بولماسلىقى، يېتەرلىك بولماسلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.» باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۇلاپلا مۇنداق دېدى: «بىز ئوتتۇرا، غەربىي قىسمىنىڭ مائارىپ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ئوتتۇرا، غەربىي قىسمىنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز، مائارىپتىكى تەڭپۇڭسىزلىقنى ھەل قىلىش ئارقىلىق باشقا جەھەتلەردىكى تەڭپۇڭسىزلىقنى ھەل قىلىشقا تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك».

ئوتتۇرا، غەربىي قىسمىنىڭ مائارىپ سەۋىيەسىنى قانداق ئۆستۈرۈش كېرەك؟ باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆپچىلىككە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەتقىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. دۆلەت ئوتتۇرا، غەربىي قىسمىدىكى تەرەققىي تاپمىغان رايونلاردىكى ئوقۇتقۇچىلارنى نىشانلىق تەربىيەلەش ۋە دەل جايىدا تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، يېزا - كەنت ئوقۇتقۇچىلىرىنى قوللاش پىلانىنى چوڭقۇر يولغا قويىدۇ.

مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە، ھەم رايونلار ئارىسىدىكى تەڭپۇڭ بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، ھەم رايون ئىچىدىكى تەڭپۇڭ بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك؛ ھەم ئالىي مائارىپنىڭ تەڭپۇڭ بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، ھەم ئاساسىي مائارىپنىڭ ئادىل بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك.

بېيجىڭ شەھىرى دۇڭچېڭ رايونىنىڭ شىجيا خۇتۇڭ باشلانغۇچ مەكتىپىدىن كەلگەن ئەزا ۋاڭ خۇەن يېڭى دەۋر، يېڭى باسقۇچتىكى ئاساسىي مائارىپنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى توغرىسىدا بىرقانچە تەكلىپ بەردى، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرى شەھەر - يېزىلارنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، «يېزا - كەنتلەردىكى مەكتەپلەر ئاجىز بولۇش» بىلەن «شەھەر - بازارلاردىكى مەكتەپلەر قىستاڭ بولۇش» مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش.

«سىز ئىشلەۋاتقان باشلانغۇچ مەكتەپكە ھازىر يېقىن ئەتراپتىكىلەر كىرىپ ئوقۇيالامدۇ؟» دەپ سورىدى باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن.

«بىز ئاساسلىقى تەۋەلىكىمىز ئىچىدە يېقىن ئەتراپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدۇق».

«مانا بۇ مائارىپ ئادىللىقى مەسىلىسى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا بىراقلا ۋۇجۇدقا چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس، بېيجىڭدىمۇ بۇ مەسىلە ناھايىتى گەۋدىلىك. شۇڭا مەكتەپ رايونىدىكى ئۆيلەرگە قوشۇلغان باھا ئىنتايىن يۇقىرى، ھەممەيلەننىڭ ياخشى مەكتەپلەرنىڭ تەۋەلىك رايونىغا قىستىلىپ كىرگۈسى كېلىدۇ.» باش شۇجى شى جىنپىڭ ئاساسىي قاتلامنىڭ ئەھۋالىنى ئىنتايىن چۈشىنەتتى.

باش شۇجى مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئائىلىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە قارىتا، مائارىپ بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئائىلىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈش قىلمىشلىرىغا چەك قادىلىپ قويۇپ بەرمەي، قەتئىي تۈردە جايىدا تۈزىتىش، ئۈزۈل - كېسىل تۈزىتىش كېرەك.

«خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئاساسىي داۋالاش - سەھىيە ئىشلىرىنىڭ ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىقىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك»، «مائارىپنىڭ ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەلا سۈپەتلىك، تەڭپۇڭ بولغان ئاساسىي ئاممىۋى مائارىپ مۇلازىمەت سىستېمىسىنى كۈچەيتىپ بەرپا قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك مائارىپ سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، خەلق رازى بولىدىغان مائارىپنى ياخشى باشقۇرۇش كېرەك»...

بىرلەشمە گۇرۇپپا يىغىندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ داۋالاش - سەھىيە ئىشلىرى ۋە مائارىپ ئىشلىرىنىڭ «ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىقى»نى كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىپ، «يۇقىرى سۈپەتلىك تۇرمۇش»نى خەلق ئاممىسى كۆرەلەيدىغان، تۇتالايدىغان ھەربىر كونكرېت تەلەپلەرگە ئىنچىكە ئايرىپ بەردى.

**جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان كۈچنى مۇجەسسەملەش ——**

**شانلىق تارىختىن مەنىۋى ئوزۇق ئېلىپ، ئېسىل ئەنئەنىدىكى ئەقىل - پاراسەت، كۈچكە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان روھىي قىياپەتتە ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىگە ئاتلىنىش**

مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن ئېچىلىش ئالدىدا، پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى 5 - قېتىملىق پارتىيە ئىچىدىكى مەركەزلىك تەربىيە —— پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى.

ئىككى يىغىن مەزگىلىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ تارىخ ۋە رېئاللىقنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر قېتىملىق جانلىق ھەم چوڭقۇر بولغان قايتا سەپەرۋەرلىك ئېلىپ باردى.

ئىچكى موڭغۇل ۋەكىللەر ئۆمىكىدە، باش شۇجى يولداش لى داجاۋنىڭ موڭغۇل ئاما ئارىسىدا ماركسىزمنى تارقىتىشقا بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلغانلىقى ۋە قاتناشقانلىقىنى سۆزلىدى، ئىچكى موڭغۇلدا بارلىققا كەلگەن ۋۇلەنفۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 1 - تۈركۈمدىكى كوممۇنىستلارنى تىلغا ئالدى، يەنە مۇنداق ئىككى تارىخىي ئېسىل ھېكايىنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى:

«بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ باۋتوۋ پولات - تۆمۈر زاۋۇتىنى قۇرۇش» —— يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىر چاقىرىقى بىلەن، پۈتۈن مەملىكەت يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە، ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى كارخانىلار ئاكتىپ ئاۋاز قوشتى، قۇرۇلۇشقا ياردەم بەرگۈچى خادىملار ۋە قۇرۇلۇش ماددىي ئەشيالىرى ئىچكى موڭغۇل يايلىقىغا قاراپ ئېقىپ، قاقاسلىقتا پولات شەھىرى قۇرۇلدى.

«3000 يېتىم بالىنىڭ ئىچكى موڭغۇلغا ئورۇنلىشىشى» —— تەبىئىي ئاپەت مەزگىلىدە، شاڭخەي، جياڭسۇ قاتارلىق جايلاردىكى ئاچلىقتىن ئىگىراۋاتقان 3000دىن ئارتۇق يېتىم بالا ئىچكى موڭغۇلغا ئېلىپ كېلىنىپ، «دۆلەتنىڭ بالىسى»غا ئايلاندى، «يايلاقتىكى ئېجى(ئانا)»لار كىگىز ئۆيدە ئۇلارنى بېقىپ چوڭ قىلدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىدە بۇ قىزىل بايلىقلاردىن ياخشى پايدىلىنىپ، بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ»، قەتئىي تەۋرەنمەي جۇڭگو خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈشكە تەربىيەلەش، يېتەكلەش كېرەك.

نەتىجىلەردىن قانائەتلىنىپ قالماي داۋاملىق ئىلگىرىلەش كېرەك.

ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىگە ئاتلانغان جۇڭگو قەيسەر، كۈچلۈك رەھبەرلىك كۈچ - قۇدرىتىگە تېخىمۇ موھتاج، ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان روھىي ھالەتكە تېخىمۇ موھتاج.

چىڭخەي ۋەكىللەر ئۆمىكىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ ئۆتتى ——

«مەن يۈشۇغا ئايروپىلان بىلەن بىۋاسىتە بارغانىدىم. شۇ چاغدا دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىردىن ئارتۇق ئېگىزلىكتىكى بىر كەنتكە چىقتىم، ئۇ جاي ناھايىتى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئىكەن».

2010 - يىلى، چىڭخەي يۈشۇدا قاتتىق يەر تەۋرىگەندە، يولداش شى جىنپىڭ ئالاھىدە ئاپەت رايونىغا بېرىپ، ئۇلارنى يوقلىدى ۋە ھال سورىدى.

«يۈشۇ ئوبلاستىنىڭ ئورگىنىدا، مەن ئورگان كادىرلىرىغا ئىلھام بېرىدىغان سۆزلەرنى قىلدىم. مەن مۇنداق دېدىم: زور ئاپەتتىن كېيىن چوقۇم زور ئۆزگىرىش بولىدۇ، سىلەرنىڭ ئېگىلمەس - سۇنماس روھىڭلار بولسىلا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىشى بولسىلا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى تەرەپ - تەرەپتىن ياردەم بەرسىلا، كۆپچىلىك بىرلىكتە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ يۇرت - ماكانىنى قايتا قۇرسىلا، كەلگۈسىدە چوقۇم بىر يېڭى يۈشۇ بارلىققا كېلىدۇ».

«سىزنىڭ غەمخورلۇقىڭىز قەلبىمىزنى ئىللىتتى، بىزنى ئىلھاملاندۇردى.» يۈشۇ ئوبلاستىدىن كەلگەن ۋەكىل جاشى دوجيې باش شۇجى شى جىنپىڭغا مۇنداق دېدى: «ھازىر يۈشۇنىڭ كوچىلىرى تېخىمۇ رەتلىك، پاكىز بولۇپ كەتتى، ئۆيلەر تېخىمۇ مۇستەھكەم سېلىندى، ئەتكەن چاي تېخىمۇ تەملىك بولۇپ كەتتى، بىز باش شۇجىنىڭ يەنە يۈشۇغا كېلىپ كۆرۈپ بېقىشىنى چىن كۆڭلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز، ۋاقتى كەلگەندە بىز پارتىيەگە، باش شۇجىغا يەنە بىر تاغ ناخشىسى ئېيتىپ بېرىمىز».

«مەن يۈشۇدىن بەك ئەنسىرىگەنىدىم، بۈگۈنكى تونۇشتۇرۇشىڭىزغا رەھمەت، ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم. يۈشۇنىڭ كەلگۈسى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ!» دېدى باش شۇجى شى جىنپىڭ چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: ھازىر قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىدە يۈشۇ يەر تەۋرىشىگە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خاتىرە سارىيى قاتارلىق قىزىل بايلىقلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى غايە - ئېتىقادىنى چىڭىتىپ، مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئالدىدا يولدىن ئاداشماي، جاپالىق كۈرەشتە ئارقىغا چېكىنمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تەربىيەلەش، يېتەكلەش كېرەك.

پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەرەققىيات ئۇلۇغۋار پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا بارلىق جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ ئورتاق كۈرەش قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر، يۈز بەرگەن تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىنىڭ نەتىجىسى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار، ھەرقايسى خەلق تەشكىلاتلىرى ھەممە كەڭ سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ يۈرەك قېنى ۋە ئەقىل - پاراستى مۇجەسسەملەنگەن.

ھەر يىلى ئىككى يىغىن مەزگىلىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ ھەممىشە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ ئارىسىغا كېلىپ، كۆپچىلىكنى يوقلاپ، كۆپچىلىكنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى ئاڭلاپ، كۆپچىلىكنىڭ كېڭەشىش ئارقىلىق ئورتاق تونۇش، ئەقىل - پاراسەت ۋە كۈچ مۇجەسسەملىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

تېببىي دورىگەرلىك - سەھىيە ساھەسى، مائارىپ ساھەسىنىڭ بىرلەشمە گۇرۇپپا يىغىنىدا، ئەزا لىن جۈچېن مۇنداق ئوتتۇرىغا قويدى: ئومۇمىي خەلق «يۇقۇم»غا قارشى جەڭ قىلىشتىن ئىبارەت «نەق مەيدان ئوقۇتۇشى»نىڭ ئىنتايىن ياخشى پۇرسىتىنى مەھكەم تۇتۇپ، كەڭ ياش ئوقۇغۇچىلارغا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ جانلىق، چوڭقۇر «بۈيۈك ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە دەرس»نى تېخىمۇ سىستېمىلىق، چوڭقۇر ياخشى سۆزلەش، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى ھەم ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى جانلىق مىساللارنى دەرسلىككە كىرگۈزۈش كېرەك.

«سىزنىڭ تەكلىپىڭىز ناھايىتى ياخشى بولدى، بۇ «بۈيۈك ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە دەرسى»دىن بىز ياخشى پايدىلىنىشىمىز كېرەك. ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە دەرسىنى دەرسخانىدىلا سۆزلەپلا قالماي، يەنە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىمۇ سۆزلەش كېرەك.» باش شۇجى شى جىنپىڭ بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «بىر ھۆججەتنى ئېلىپلا ئوقۇپ بەرسە ھاياتىي كۈچى بولمايدۇ، ئۈنۈمى بولمايدۇ، ھېچكىم ياقتۇرۇپ ئاڭلىمايدۇ، مەنمۇ ياقتۇرۇپ ئاڭلىمايمەن».

يۇمۇرلۇق، سەممىي سۆزلەردىن پۈتۈن مەيداندا كۈلكە ساداسى ياڭرىدى.

«بىز مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇق، يەنە باشلامچىلىق بىلەن ئىقتىسادنىڭ مەنپىيدىن مۇسبەتكە ئۆزگىرىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قاتتىق سىناققا بەرداشلىق بەردۇق. بۇ بىر مەزگىللىك تەلەيدىن ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ يول ئىشەنچىمىز، نەزەرىيە ئىشەنچىمىز، تۈزۈم ئىشەنچىمىز، مەدەنىيەت ئىشەنچىمىزدىن بولغان».

باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۇلاپلا مۇنداق دېدى: «مۇشۇ يىللاردىكى تەرەققىيات ئارقىلىق، جۇڭگودىكى 70 - يىللاردا، 80 - يىللاردا، 90 - يىللاردا، 2000 - يىلىدىن كېيىن تۇغۇلغانلار دۆلەت دەرۋازىسىدىن چىقىپ، دۇنياغا بىمالال نەزەر سالالايدىغان بولدى، مانا بۇ ئىشەنچ. بىز بۇ خىل ئىدىيەنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىپ، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنى ئۆزىگە تايىنىش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىشەنچىنى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەپ، ئورتاق كۈرەش قىلىدىغان قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملىشىمىز كېرەك».

دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتا جەزمەن ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش كېرەك. خەلق ئارمىيەسى ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم كۈچ.

3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئازادلىق ئارمىيە ۋە قوراللىق ساقچى قىسىم ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتناشقاندا، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى ——

«مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرما - تەلەپلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، زىممىسىگە ئالغان دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ساھەسىدىكى ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى ياخشى ئادا قىلىشى كېرەك».

«ئارمىيە خەلقنى سۆيۈش، خەلق ئارمىيەنى ھىمايە قىلىش شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئارمىيەنى گۈللەندۈرۈشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملەش كېرەك».

يىغىن مەيدانىدا، ۋەكىللەر پۈتۈن زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ، ئەستايىدىل خاتىرە قالدۇردى. بىر ئورتاق ئېتىقاد يۈكسەلمەكتە، مۇجەسسەملەنمەكتە ——

ئارمىيە قۇرۇلۇشى بىلەن جەڭگە تەييارلىق كۆرۈشنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىرتۇتاش ياخشى پىلانلاپ، تۈرلۈك مۇرەككەپ، قىيىن ۋەزىيەتكە ھەر ۋاقىت تاقابىل تۇرۇش تەييارلىقىنى ياخشى قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئەتىنى قەتئىي قوغداپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

بىر مەقسەتتە ھەمكارلاشقانلار غەلىبە قىلىدۇ، قىيىن كۈنلەردە بىللە بولغانلار روناق تاپىدۇ.

ۋاقىت ھېيۋەتلىك سەھىپىنى پۈتمەكتە، تارىخنىڭ يېپيېڭى سەھىپىسى ئېچىلماقتا. جاسارەتنى ئۇرغۇپ تاشقان بىر چوڭ پارتىيە، ئارزۇغا يېتىش يولىدا ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان بىر مىللەت، كۈنسايىن يېڭىلىنىۋاتقان بىر دۆلەت، «ئىككىنچى 100 يىل»لىق يېڭى مۇساپىگە مەردانە قەدەم بىلەن ئاتلاندى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، دەپ قارىدى. يىغىندا ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات قاراپ چىقىلدى ھەم تەستىقلاندى، خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 14 - بەش يىللىق يىرىك پىلانى بىلەن 2035 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى ۋە باشقا تۈرلۈك مۇھىم دوكلاتلار تەكشۈرۈلدى ۋە تەستىقلاندى. تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تەشكىلىي قانۇنى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئىش قائىدىسى ماقۇللاندى. ۋەكىللەر بىردەك: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى نامايان قىلىنىپتۇ، راستچىل - ئەمەلىيەتچىل بولغان، كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدىغان دوكلات بوپتۇ، دەپ قارىدى. پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «قارار»ىدا: «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» تۈزۈم سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە نىگىزلىك قانۇننى يولغا قويۇشقا ئالاقىدار تۈزۈم ۋە مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ۋەتەنپەرۋەرلەر ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان «شياڭگاڭنى شياڭگاڭلىقلار ئىدارە قىلىش»تا چىڭ تۇرۇش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ قېتىمقى يىغىندا «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ سايلام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى قارارى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى. ۋەكىللەر بىردەك: بۇ تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ۋە ئاساسىي قانۇندىكى پرىنسىپلارغا ئۇيغۇن، شياڭگاڭنىڭ نىگىزلىك قانۇنىغا ئۇيغۇن، مۇستەھكەم سىياسىي ئاساس ۋە قانۇنچىللىق ئاساسىغا ئىگە بولۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلەر ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان «شياڭگاڭنى شياڭگاڭلىقلار ئىدارە قىلىش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، شياڭگاڭنىڭ «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئەمەلىيىتىنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشىنى كۈچلۈك كاپالەتلەندۈرىدۇ، دەپ قارىدى. يىغىندا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىدىن دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، قاراپ چىقىلدى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ بىر يىلدىن بۇيان، مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، پائال نەتىجە يارىتىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېڭى ئىلگىرىلەش، يېڭى نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. يىغىننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقى «14 - بەش يىل» مەزگىلىدە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا ئىشنى ياخشى باشلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشتا يېڭى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشەنچنى كۈچەيتتى، كۈچنى مۇجەسسەملىدى.

ئالدىراپ ئىش باشلىغانلار جەزمەن قانداق ئاياغلاشتۇرۇشنى ئويلىشىشى كېرەك، مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار ئىشنى باشلاشتىن بۇرۇن پىلان تۈزۈۋالىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىندا تەكشۈرۈلگەن ۋە تەستىقلانغان خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 14 - بەش يىللىق يىرىك پىلانى بىلەن 2035 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسىدا شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى يېتەكچى قىلىنىپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 14 - بەش يىللىق يىرىك پىلانى بىلەن 2035 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى»نىڭ روھى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراستى مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسلىق نىشانى ۋە مۇھىم، زور ۋەزىپىلىرى ھەقىقىيلەشتۈرۈلدى، مىقدارلاشتۇرۇلدى. «14 - بەش يىل» مەزگىلى دۆلىتىمىزنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىپ، بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرغاندىن كېيىن، ۋەزىيەتكە تايىنىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلايدىغان، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىغا قاراپ يۈرۈش قىلىدىغان بىرىنچى بەش يىل. دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك پۇرسەت مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ، لېكىن پۇرسەت ۋە خىرىسنىڭ ھەممىسىدە يېڭى تەرەققىيات ئۆزگىرىشى بار. يىرىك پىلان پروگراممىسىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى دەل جايىدا ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا جاسارەت بىلەن تۈرتكە بولساقلا، بىز چوقۇم ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشتا ئىشنى ياخشى باشلاپ، قەدەمنى ياخشى ئېلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى پۈتەلەيمىز.

خەلق پارتىيەمىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى ئەڭ چوڭقۇر ئاساسى ۋە ئەڭ چوڭ ئىشەنچى. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچ ۋە روشەن ئەۋزەللىككە ئىگە بولۇشىدىكى ئاچقۇچ ئۇنىڭ خەلق ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىدا. خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىياتتا خەلقنى كۆزلەش، تەرەققىياتتا خەلققە تايىنىش، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن خەلقنى ئورتاق بەھرىلەندۈرۈشتە چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن توغرا بولغان تەرەققىيات قارىشى، زامانىۋىلىشىش قارىشىغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. كەلگۈسىگە يۈزلەنگەندە، بىز دۆلەتنىڭ بارلىق ھوقۇقى خەلققە مەنسۇپ ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ سۇبيېكتلىق ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ئارقىلىق دۆلەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە مەدەت بېرىپ ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى ياخشى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز، ياخشى قوغدىشىمىز، ياخشى راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك. يېڭى كۈرەش مۇساپىسىدە، جەزمەن خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈملۈك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكى، خەلق ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تۈزۈملەردە ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىشتا خەلقنىڭ ئىرادىسىنى تېخىمۇ ياخشى گەۋدىلەندۈرۈپ، خەلقنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، خەلقنىڭ ئىجادچانلىقىنى قوزغاپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئارقىلىق دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرىنى خەلقنىڭ قولىغا چىڭ تۇتقۇزۇشىمىز كېرەك.

«شامالدا پەرۋاز قىلىپ، ئۆرلىدىم تۈمەن چاقىرىملىق بوشلۇققا، نەزەر سالدىم ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل تاغ - دەريالىرىغا.» يېڭى ئۇلۇغۋار پىلان كىشىنى روھلاندۇرىدۇ، يېڭى مۇساپىنىڭ ئىستىقبالى پارلاق. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىدە يەلكەن كۆتۈرۈپ يولغا چىقىپ، دولقۇن يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەپ، دۆلىتىمىزنى باي - قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىي، ئىناق، گۈزەل سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلايلى!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تېلېگراممىسى)**